# شىنجاڭ گېزىتى

2020-يىل 2-ئاي
14
جۈمە
维吾尔文 2 月14日

新疆日报 ‌ شىنجاڭ گېزىتى ‌ 新疆日报

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65−0002/−W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24971-سان بۈگۈن 2 بەت


## شى جىنپىڭ مالايسىيا زۇڭلىسى ماخاتىر بىلەن تېلېفونلاشتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2-ئاينىڭ 13-كۈنى تېلېگراممىسى دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 2-ئاينىڭ 13-كۈنى كەچتە تەكلىپ بويىچە مالايسىيا زۇڭلىسى ماخاتىر بىلەن تېلېفونلاشتى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: زۇڭلى ئەپەندى، سىز جۇڭگو خەلقىنىڭ قەدىناس دوستى، جۇڭگو خەلقى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا جاسارەت بىلەن تاقابىل تۇرۇۋاتقان

(ئاخىرى 2-بەتتە)

### مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ تەستىقى بىلەن

## ئارمىيەدىن 2600 تېببىي خادىم ۋۇخەننىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇشىغا ياردەم بېرىشكە كۈيەيتىپ ئەۋەتىلدى

2-بەتتە

### ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلايلى

ئاپتونوم رايون سىن يىغىنى ئېچىپ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى كۈچەيتىشنى تەتقىق قىلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى

# يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاشتىكى چوڭ سىناقتا لاياقەتلىك جاۋاب قەغىزى تاپشۇرۇش كېرەك

### چېن چۈەنگو يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى

پۈتۈن تارانقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇك، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 2-ئاينىڭ 13-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايون يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى سىن يىغىنى ئېچىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىنىڭ روھىنى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى كۈچەيتىشنى تەتقىق قىلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى چېن چۈەنگو يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن بۇيان، باش شۇجى شى جىنپىڭ يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆزى قوماندانلىق قىلىپ، ئۆزى ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىنى كۆپ قېتىم رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى مەخسۇس تېمىدا تەتقىق قىلدى، كۆپ قېتىم مۇھىم سۆز قىلدى، كۆپ قېتىم مۇھىم يوليورۇق بەردى، بۇ، بىزنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جېڭى، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشتىكى ئىشەنچىمىز، ئىرادىمىزنى چىڭىتتى، كۆتۈرەڭگۈ كۆرەش ئىرادىمىزنى ئۇرغۇتتى، ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشى كۆرسىتىپ بەردى، تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ھەرقايسى تارماقلار «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جاسارەت بىلەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە بۇ يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت قوش غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك.

بىرىنچىدىن، جەزمەن غەلىبە قىلىشتىكى ئىشەنچ، ئىرادىنى چىڭىتىش كېرەك. يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈز بەرگەندىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلق ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن كۆرەش قىلدى، نۆۋەتتە يۇقۇم ۋەزىيىتىدە ئىجابىي ئۆزگىرىش كۆرۈلۈپ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىدە ئىجابىي نەتىجە - ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى. بىز يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنىڭ ئەڭ كۈچەيدىغان ئاچقۇچلۇق باسقۇچقا كەلگەنلىكىنى تولۇق تونۇپ، تېخىمۇ قەتئىي ئىشەنچ، تېخىمۇ قەيسەر ئىرادە، تېخىمۇ كەسكىن تەدبىرلەر ئارقىلىق، قىلچە بوشاشماي يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەك.

ئىككىنچىدىن، ئىلمىي، دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. قىلچە بوشاشماي يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى نۆۋەتلىك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش، بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، تۈرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىپ، رايونغا ئايرىپ تەدبىر قوللىنىپ، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ ياخشى ئىشلەش كېرەك؛

(ئاخىرى 2-بەتتە)

پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما قەتئىي تۈردە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ بېيجىڭدا يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ يېتەكچىلىك قىلغاندا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇردى، ئەمەلىيلەشتۈردى —

# بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولۇپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، جاسارەت بىلەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش كۆرىشىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرىمىز

□ پۈتۈن تارانقۇ مۇخبىرلىرىمىز

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يېقىندا بېيجىڭ شەھىرىدە يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ يېتەكچىلىك قىلغاندا قىلغان مۇھىم سۆزى بىزنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىشىمىز ئۈچۈن قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشتى، ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشى كۆرسىتىپ بەردى، تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بىرىنچى سەپىدە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كەڭ كادىرلار، ئامما بەس-بەستە مۇنداق بىلدۈردى: قەتئىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىمىزنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولۇپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، جاسارەت بىلەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش كۆرىشىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرىمىز.

### يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ خەلق مۇداپىئە سېپىنى بەرپا قىلىمىز

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: مەھەللە يۇقۇمنىڭ بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەشنىڭ بىرىنچى سېپى، شۇنداقلا سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە تارقىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك مۇداپىئە سېپى.

يېڭىشەھەر ناھىيەسىنىڭ يېڭىشەھەر بازىرى ياڭگۇاڭ مەھەللىسى ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى يۈ خېيچياۋ مۇنداق دېدى: مەھەللە پارتىيەلىك كادىرلارنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، مەھەللىنى دائىرە بويىچە باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىشقا تايىنىپ، پارتىيە گۇرۇپپىسىنى دائىرىدە قۇرۇپ، پارتىيە ئەزالىرى ئاۋانگارت ئەترىتى ئارقىلىق مەھەللىنى ياخشى باشقۇرىدۇ، ئاھالىلەرگە ياخشى مۇلازىمەت قىلىدۇ.

ئۈرۈمچى شەھىرى نەنخۇ شىمالىي يولى كوچىسى شەرقىي مەھەللىسى پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى دىڭ شۆيىڭ مۇنداق دېدى: «باش شۇجىنىڭ سۆزى بىزگە مەسئۇلىيىتىمىزنىڭ مۇھىم، زورلۇقىنى، بۇرچىمىزنىڭ شەرەپلىك ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇردى. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلىدە، مەھەللىدىكى پارتىيە ئەزالىرى پىدائىيلار مۇلازىمەت ئەترىتى بولۇپ تەشكىللىنىپ، ئاھالىلەرنىڭ ئېھتىياجىغا پائال ئىنكاس قايتۇرۇپ، مەھەللىدىكى قارىغۇچىسى يوق ياشانغانلار، ھامىلدار ئاياللار قاتارلىق ئالاھىدە كىشىلەر توپىغا سەي - كۆكتاتلارنى ئىشىك ئالدىغىچە يەتكۈزۈپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش قىيىنچىلىقىنى ۋاقتىدا ھەل قىلدى».

### بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، باتۇرانە كۆرەش قىلىمىز

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: ھازىر يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تىركىشىش ھالىتىدە تۇرۇۋاتىدۇ، كەڭ تېببىي خىزمەتچىلەر چوقۇم چىڭ تۇرۇپ، ئالاھىدە جاپاغا چىدايدىغان، ئالاھىدە كۆرەش قىلالايدىغان روھنى جارى قىلدۇرۇشى، ئۇرۇش سېپىدىكى مۇستەھكەم تۆۋرۈكلۈك رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك.

(ئاخىرى 2-بەتتە)

# چىن چۈەنگو ئۈرۈمچى شەھىرىدە يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنداق تەكىتلىدى

## بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش، ئامما ئالدىنى ئېلىش، ئامما تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قىلچە بوشاشماي يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش كېرەك

**2-ئاينىڭ 13-كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى چېن چۈەنگو ئۈرۈمچى شەھىرىدە يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. سۈرەتتە: چېن چۈەنگو ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى ئوتتۇرا ئاسىيا جەنۇبىي يولى تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى پۇدۇڭ كوچىسى مەھەللىسىدىكى كۆكتات، قوشۇمچە يېمەكلىك بىۋاسىتە سېتىش نۇقتىسىدا كۆكتاتلارنىڭ تۈرى، باھاسى ھەم بازار تەمىناتى ئەھۋالىنى ئىگىلىمەكتە.**

**□ پۈتۈن تارانقۇ مۇخبىرىمىز سۈي جىجيەن فوتوسى**



پۈتۈن تارانقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇك، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 2-ئاينىڭ 13-كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى چېن چۈەنگو ئۈرۈمچى شەھىرىدە يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىپ - تىزگىنلەپ، دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جېڭى، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك.

ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى پۇدۇڭ كوچىسى مەھەللىسى فېڭخۇاڭچېڭ ئولتۇراق رايونىدا، چېن چۈەنگو تەشەببۇسكارلىق بىلەن بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەشنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئولتۇراق رايونغا كىرىپ، مەھەللە كادىرلىرى، ئامما بىلەن سەمىمىي پاراڭلاشتى، ئاھالىلەرنى زىيارەت قىلىپ رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش، نۇقتىلىق كىشىلەر توپىنى باشقۇرۇش - تىزگىنلەش، ئائىلىدە ئايرىش مۇلازىمەت كاپالەتتى قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەپسىلىي ئىگىلىدى. چېن چۈەنگو ئولتۇراق رايوندىكى خەلققە قولاي كۆكتات دۇكىنىغا كىرىپ، كۆكتاتلارنىڭ تۈرى ۋە باھاسىنى كۆڭۈل بۆلگەن ھالدا كۆزدىن كەچۈردى، ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە ئالاقىدار تارماقلاردىكى مەسئۇل يولداشلارغا تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنىڭ بازار تەمىناتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەپ، نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش سالمىقىنى زورايتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ نورمال تۇرمۇشىغا ياخشى كاپالەتلىك قىلىشنى تاپىلىدى. چېن چۈەنگو مۇنداق كۆرسەتتى: مەھەللىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى توسۇپ زەربە بېرىش رولىنى تولۇق ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، چوڭقۇر، ئىنچىكە، ئىلمىي بىلەن ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئاممىغا تايىنىپ، ئاممىغا تەشۋىق قىلىپ، بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش، ئامما ئالدىنى ئېلىش، ئامما تىزگىنلەش مۇداپىئە سېپىنى تېخىمۇ زىچ، تېخىمۇ پۇختا قىلىپ، مەھەللىنى ھەقىقىي تۈردە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى كۈچلۈك قورغانغا ئايلاندۇرۇش كېرەك.

چېن چۈەنگو ئۈرۈمچى شەھەرلىك كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەركىزىگە كېلىپ، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەركىزىدىكى خىزمەتچى خادىملارنى يوقلىدى، ئۇلاردىن ھال سورىدى، نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش، ماددىي ئەشيا زاپىسى قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەپسىلىي ئىگىلىدى. كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەركىزى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش قوماندانلىق ئىشتابىدا، چېن چۈەنگو ئاپتونوم رايونلۇق يۇقۇملۇق كېسەللەر دوختۇرخانىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلقئارا دوختۇرخانىسىدىكىلەر بىلەن سىنلىق كۆرۈشۈپ، تېببىي خادىملار ۋە دوختۇرخانىدا يېتىۋاتقان ئاغرىقلار بىلەن سەممىي پىكىر ئالماشتۇردى. چېن چۈەنگو ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بىرىنچى سېپىدە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان كەڭ تېببىي خىزمەتچىلەر ۋە ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىغا چىن قەلبىدىن رەھمەت ئېيتتى ۋە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈردى، ئۇلارنىڭ ئۇرۇش سېپىدىكى مۇستەھكەم تۆۋرۈكلۈك رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇشى، داۋالىشىنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۆزى مۇداپىئە كۆرۈشنى كۈچەيتىپ، ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى ئۈمىد قىلدى. چېن چۈەنگو ئاغرىقلارنى ئىشەنچنى كۈچەيتىپ، داۋالاشقا پائال ماسلىشىپ، بالدۇرراق سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ دوختۇرخانىدىن چىقىشقا رىغبەتلەندۈردى.

(ئاخىرى 2-بەتتە)

## شىنجاڭدا (بىڭتۈەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) يەنە ئۈچ نەپەر يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى

### ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققانلار جەمئىي ئالتىگە يەتتى

**ئۆز خەۋەرىمىز** 2-ئاينىڭ 13-كۈنى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى(شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)دا يەنە ئۈچ نەپەر يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى.

ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان ئۈچ نەپەر ئاغرىقنىڭ بىرى، غۇلجا شەھىرىدىكى 21 ياشلىق ئايال ئاغرىق بولۇپ، مۇناسىۋەتلىك كېسەللىك مىسالى بىلەن ئۇچرىشىش تارىخى بار، يۆتىلىش، قىزىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلگەچكە، 1-ئاينىڭ 27-كۈنى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى بېكىتىلگەن دوختۇرخانىغا بېرىپ كېسەل كۆرسەتكەن، شۇ كۈنى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان. بىرى، ئاقسۇ شەھىرىدىكى 51 ياشلىق ئايال ئاغرىق بولۇپ، 1-ئاينىڭ 20-كۈنى ۋۇخەندىن شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەن، 1-ئاينىڭ 27-كۈنى قىزىش ئالامەتلىرى كۆرۈلۈپ،

(ئاخىرى 2-بەتتە)

## بىر بۆلەك «قارا يورغا» ئۇسسۇلى —— دوختۇرلارنىڭ چەكسىز مېھىر - مۇھەببىتى

سۆز ھەممىگە

□ خوۋ خۇي

2-ئاينىڭ 12-كۈنى، ۋۇخەن مەدەنىيەت يىغىن - كۆرگەزمە مەركىزى چاسا بۆلمە دوختۇرخانىسىدا شىنجاڭ ئۇسسۇلى ئويناۋاتقان كۆرۈنۈش ئېلىنغان سىن توردا كەڭ تارقالدى.

سىندىكى ئۇسسۇل يېتەكچىسى شىنجاڭنىڭ 2-تۈركۈمدىكى خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتىدىكى باھارگۈل تولقۇن بولۇپ، داۋالاش ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن يېتەكچىسى ئىدى.

بۇ سىننى ئاچقاندا، شوخ مۇزىكا ئاۋازى يان تېلېفوندىن ياڭراپ تۇراتتى. ماسكا تاقىۋالغان بىر توپ ئاغرىق باھارگۈلگە ئەگىشىپ قازاق مىللىتىنىڭ خەلق ئۇسسۇلى«قارا يورغا»نى ئويناۋاتاتتى. ئاگلاشلارغا قارىغاندا بۇ، چاسا بۆلمە دوختۇرخانىسىدا ئەڭ ئالقىشلانغان مەيدان ئۇسسۇلى ئىكەن.

(ئاخىرى 2-بەتتە)